3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى قانۇنچىللىق يولىدا ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش، قانۇنچىل شىنجاڭ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى تۇتۇپ، نۇقتىلىق بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ خىيىم ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك. يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قوغداش، ئاممىۋى سەھىيە، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك نىزام چىقىرىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ قانۇنچىللاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تولۇق قوزغاپ بېرىش كېرەك؛ مەمۇرىيەتنى ئىنچىكىلەپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق ئىسلاھاتنى قوغداش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۈچ سەرپ قىلىپ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنى تۈگىتىپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قانۇنچىللىق يولىدا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى قاتتىق، ئۆلچەملىك، ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال يانداش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى چەكلەش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي خەلق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئىش بېجىرىشتە قانۇنغا ئاساسلىنىدىغان، مەسىلىگە يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەيدىغان، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قانۇندىن پايدىلىنىدىغان، زىددىيەتنى تۈگىتىشتە قانۇنغا تايىنىدىغان قانۇنچىللىق مۇھىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇستەھكەم، كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان بىرتۇتاش رەھبەرلىكى، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لارنىڭ ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇنچىللىققا ھۆرمەت قىلىپ، قانۇندىن ئەيمىنىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. قانۇنچىللىق خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق مەخسۇس قوشۇنىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى، مۇنتىزىملىشىشى، كەسىپلىشىشى، كەسپىيلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن مۇلازىمىتى خىزمەتچىلىرىنى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە كەسىپ بىلەن سەممىي شۇغۇللىنىش، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، قانۇنچىللىق ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ۋە مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىدىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ھەر ۋاقىت قەلبىگە پۈكۈپ، زىممىگە ئېلىپ، قانۇنچىللىققا ئېتىقاد قىلىپ، قانۇنچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بىڭتۈەننىڭ ھەرقايسى شى، شەھەرلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئېيىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى سىزنى كۈتمەكتە

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاي ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئېيى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئېيى توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1100دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنغا قاتنىشىپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. بۇنى مۇخبىر 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئېيى مەخسۇس پائالىيىتىدە «ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش، ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن ھەمدەم بولۇش» باش تېما قىلىنىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار، ئىشسىز مېيىپلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلار ۋە مەكتەپتىن ئايرىلىپ تېخى ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىلىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ خىزمەت ئىزدەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشغا مەركەزلىك ياردەم بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ئۆزىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق بويىچە تەكلىپ قىلىش سۇپىسى بولغان جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تورى (www.xjrc365.com)دا «2021 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئېيى توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى» مەخسۇس رايونى تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇنلار ۋە خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ئادەم كۈچى بايلىقى مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ما يەنلىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار توردا تەكلىپ قىلىشقا بەس ـ بەستە قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار تەمىنلىگەن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى ئىچىدە، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلارغا ماس كېلىدىغان ئىش ئورنى 8800دىن ئاشىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە رېمونتچى، كەپشەرچى، شوپۇر، ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى، يۆتكەش ـ توشۇش ماشىنىسى ئىشچىسى، تەكشۈرۈش خادىمى قاتارلىق تېخنىك ئىشچى تۈرىدىكى ئىش ئورۇنلىرى ھەم تازىلىقچى، ئامانلىق ساقلىغۇچى، تۇغۇت پەرۋىشكارى، مۇلازىمەتچى، تېلېفونىست قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرىدىكى ئىش ئورۇنلىرى كۆپرەك ئىكەن؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلارغا ماس كېلىدىغان ئىش ئورنى 6800دىن ئارتۇق بولۇپ، سۇ، توك ئىشچىسى، سائەتلىك ئىشچى، ياغاچچى، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش ئىشچىسى، بېزەكچى، ناۋاي، سېخ ئىشچىسى، تېرىقچىلىق ئىشچىسى قاتارلىق ئادەتتىكى ئىش ئورۇنلىرى ۋە ماھارەت تېپىدىكى ئىش ئورۇنلىرىنى ئاساس قىلغان ئىكەن؛ مەكتەپتىن ئايرىلىپ تېخى ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە ماس كېلىدىغان ئىش ئورنى 3000دىن ئارتۇق بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، كادىرلار ئىشلىرى خادىمى، مەمۇرىيەت خادىمى، ئىشخانا خىزمەتچىسى، پۇل يىغقۇچى، تەكشىلىك لايىھەلىگۈچى، خامچوت خادىمى، تور ئىنژېنېرى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ئاساس قىلىدىكەن؛ ئىشسىزلىقنى تىزىملاتقان مېيىپلەرگە ماس كېلىدىغان ئىش ئورنى 400دىن ئارتۇق بولۇپ، تور تىجارەتچىسى، ئامانلىق ساقلىغۇچى، ئىشخانا خىزمەتچىسى، تىككۈچى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ئاساس قىلىدىكەن.

«بىز ئىشقا ئورۇنلىشىشغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىلىدىغان ئوبيېكتلارغا ماس كېلىدىغان ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىنى سىجىل قېزىپ، ھەر ھەپتىدە يېڭى ئىش ئورۇنلىرىنى ئېلان قىلىمىز.» ما يەنلىڭ مۇنداق دېدى: مەركىزىمىز كارخانىلارنى بىر تۈركۈم كاپالەتكە ئىگە، ياش چەكلىمىسى يوق، ماھارەت تەلىپى يوق، ئوقۇش تارىخى شەرتى يوق ئىش ئورۇنلىرىنى ھازىرلاشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىدۇ؛ يېزا ئىستىراھەت ساياھىتى، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشغا ماس كېلىدىغان ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىنى توپلايدۇ؛ بىر تۈركۈم مۇھىت تازىلىقى ئىشچىسى، كۆكەرتىش خادىمى، ئاساسىي قاتلام ياردەمچى باشقۇرغۇچىسى قاتارلىق ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ھازىرلاپ، بازار يولى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان خادىملار ئىسىملىكى(لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بەزى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىڭگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى، «ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىش نىزامى (لايىھە)» مەخسۇس تېمىسىدا لېكسىيە ئۆتكۈزدى.

چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 110 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىغا قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتى، دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇلىدىغان تەكلىپلەر قارار قىلىندى.